www·islamyoli·net

مۇھەممەد يۇسۇف

# ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى ئىسلام تەلىماتىنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرى

كىشىلىك جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ ئىبتىدائىي دەۋرلىرىدىلا ئادەملەر دۇنيانىڭ يارىتىلىش ئاساسلىرى ۋە تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرىنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىقىش تۈپەيلى ئۆزلىرى ئۈچۈن تەلىمات خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئادەم ھەققىدە ھەر خىل مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن. ئەسلىدە ئىنسان دۇنياغا پەيدا بولۇشى بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئەقىدىسى ۋە پىكرى بىرگە يارىتىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى بىر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتەك ھەق دىنىي ئېتىقادقا دەۋەت قىلغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ۋە رەقىبى بولغان شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇشلىرى تۈپەيلى بۇ ھەقىقىي توغرا دىنىدىن چەتنەپ، تەبىئەتتىكى ھەر خىل كۈچلەرگە چوقۇنۇش يولىغا كىرىپ كەتكەن. ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى قانداقتۇر بىر ئىلاھىي كۈچكە ئىگە بولغان ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا مۇكەممەل ئىشەنچ ھاسىل قىلدۇردى. ئادەم ئەلەيھىسسالام، نوھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن، ياراتقان ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلىقى چۈشەنچىسى يەنىمۇ ئۇلغىيىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت كامالىتى بىلەت ئۇنىڭ چىن مەنىدىكى ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىسلام دىنى ھاياتلىقتىن مۇقىم ئورۇن ئالدى. شۇنىڭدىن بېرىقى ئۆتكەن بىر يېرىم مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بۇدىن بارغانسىرى كەڭ قانات يېيىش بىلەن نەچچە مىليونلىغان كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ھاياتىمىزدا بىر دەۋر قىسىم كۆرستىشلەرگە ئۇچرىغان بۇ دىنىي ئېتىقادىمىز، كېيىنكى يىللاردا يەنىلا جانلىنىشقا ئۆتتى. دۇنيا بويىچە ئىسلامنىڭ تەسىر دائىرىسى قانچىلىك كېڭىيىپ، ئۇنى باشقا دىنلاردىكى شەخسلەرمۇ قوبۇل قىلىۋاتقان بولسا، بىزنىڭ ئەمەلىي ھاياتىمىزدىمۇ شۇنداق يۈكسىلىش يۈز بېرىۋاتىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ ئەپسۇسلىنىش بىلەن ئىقرار قىلىش كېرەككى، ھەر خىل تەشۋىقاتلارغا ئەگىشىپ ئىسلام ئېتىقادىدىن يۈز ئۆرىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس.

نېمە ئۈچۈن مۇنداق ئەھۋاللار يۈز بېرىۋاتىدۇ دېگەن سوئال ئۈستىدە ئويلانساق، ئۇنىڭ تېگىنى بىز ئىسلامنىڭ ھەقىقىي چىن ماھىيىتىنى ئىلمىي ئاساستا، قايىل قىلارلىق قىلىپ، كەڭ مەنىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيۋاتقىنىمىزغا باغلىق بولىۋاتىدۇ. دېمەك، ھازىرقى پەن ـ تېخنىكا دەۋرىدە ئۇنى قۇرۇق ۋەز ـ نەسىھەتلەر بىلەن ئەمەس، «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئەگىشىپ ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرىشىمىز ۋە تەرغىپ قىلىشىمىز شەرت. دىنىي ئېتىقادىمىز چەكلىمىلەرگە ئۇچرىغان 70 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە بىلىملىك دىنىي ئۆلىمالىرىمىز ئازىيىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسقىدەك ياشلار تەربىيىلەنمەي، بەزى بىر چالا ساۋات مولللىرىمىز ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەقىقىي قائىدە ـ تەرتىپلىرىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھەر خىل پىكىرلەرنى تۇغدۇرىدىغان پەتىۋالارنى چىقىرىپ، كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن رەيىنى قايتۇرۇشقا ئېلىپ كەلدى ۋە ئىككىلىنىش كۆز قاراشلىرىنى تۇغدۇردى.

يوقىرىدا ئېيتىلغانلارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ھەقىقىي ئىلمىي، ئەمەلىي ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈش، پىكىر يۈرگۈزۈش مەقسىتىدە، مەخسۇس مۇخبىرىمىز بالىلىقىدىن چوڭ قىزىقىش بىلەن دىنىي بىلىم ئالغىنىدىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا ئېلىپ، ئاندىن مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدىكى ئەل ئەزھەر بىلىم گاھىنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتىنى تاماملىغان ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپكە بىر نەچچە سوئاللار بىلەن مۇراجىئەت قىلغان ئىدى.

**— مۇھەممەد يۈسۈپ، ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ توغرىلىقى ۋە ھەقىقىي ئىنسانىيلىق خىسلەتلەرنى تەرغىپ قىلغۇچى دىن ئىكەنلىكى ھەققىدە چۈشەنچە بەرسىڭىز؟**

— ئىسلام دىنىنىڭ روشەن نۇرى پۈتكۈل دۇنيا ئادەملىرىنى ئىنتايىن قايىل قىلىپلا قالماستىن، پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنىڭ ھەقىقەت مەشئىلىنى ياندۇردى. ئىسلام دىنى ھەر قانداق جايغا ۋە ھەر قانداق زامانغا مۇناسىپ كېلىدىغان ۋە ئەقىلغا ئۇيغۇن بىردىنبىر ھەقىقەتەن دىنىدۇر. شۇ سەۋەبتىنمۇ بۇ دىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى قىتئەلىرىدە يىلتىز تارتتى. ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي روھى بويىچە پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ، دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلدى. شۇڭا ھەر قايىسى مىللەت خەلقلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىگە ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئىلغار دىن ئىكەنلىكىگە ئۆزلىكىدىن قايىل بولۇپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇنى تاللىغان. ھەر قانداق بىر ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغىنىدەك، ئىسلام دىنىنىڭمۇ دۈشمەنلىرى ئاز بولمىغان. ئۇلار ئىسلام دىنىغا تۆھمەت قىلىپ، «ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن ۋە زورلۇق بىلەن تارقالغان دىن» دەپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ دىن ئۆزىنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە ئالىي پەزىلىتى ئارقىلىق ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ قەلب قاتلىرىدا شۇنداق ئورۇن ئالغانكى، ئۇنى ھېچقانداق كۈچ يېڭەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپىدا كىشلەرنى ئۇنىڭغا زورلاش يوق. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ پرىنسىپىنى ئاللاھ تائالا مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئى مۇھەممەد! «قۇرئان»نى ئۇلارغا دانە - دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ — بۆلۈپ نازىل قىلدۇق. «قۇرئان»غا ئىشىنىڭلار ياكى ئىشەنمەڭلار (ئىختىيارىڭلاردا) دېگىن.» [ئىسرا سۈرىسى 107 - ئايەت] يەنى خالىساڭلار ئىمان ئېيتىپ، ئىسلام دىنىغا كىرىڭلار، بۇنى خالىمىساڭلار ئۆز ھالىڭلاردا قېلىڭلار، دەيدۇ. يەنە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «دىندا ئۇنىڭغا كىرىشكە زورلاش يوق.» [بەقەرە سۈرىسى 256 - ئايەت] چۈنكى ئىسلام دىنى بىر نەرسىگە ئىشىنىدۇكى، ئۇ بولسىمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ توغرىلىقى، ھەققانىيلىقى، تەلىماتلىرىنىڭ ئېسىللىكى ۋە قانۇنلىرىنىڭ ئىلغارلىقىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن ساماۋىي دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى ھەقىقىي مەڭگۈلۈك دىن قىلىپ بەلگىلىگەن. تارىخلارغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئىسلام دىنى قايسىبىر مىللەتكە يەتكەن بولسا، ئۇ مىللەتنى ئۆزىنىڭ ئىلغارلىقى، توغرىلىقى، تەرەققىيپەرۋەرلىكى ۋە رەھىمدىللىقى بىلەن قايىل قىلىپ، ئۇ مىللەت خەلقىنىڭ قەلبلىرىدە مەڭگۈگە چىن ئورۇن ئالغان.

ئىسلام دىنىنىڭ ئاسىيادا تارقىلىشىمۇ چەتئەللىك مۇسۇلمان سودىگەرلىرىنىڭ ھالال نىيەت، توغرىلىق، گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن ئادەملەرنى قايىل قىلىشى نەتىجىسىدە ئۆزلىكىدىن قوبۇل قىلىنغان. بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگىمۇ شۇ تەرىقىدە تارقالغان. قاراخانىيلارنىڭ شاھزادىسى سۇتۇق بۇغراخان ئاتۇشقا كەلگەن ئەبۇ نەسر سامانىي بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى توغرىلىق، گۈزەل ئەخلاق، ئالىي پەزىلەتلەردىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشى نەتىجىسىدە مۇسۇلمان بولغان. ئاۋۋال ئاتۇش ۋە قەشقەر خەلقى مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلغان. بىزلەرگە بۇ دىن ئەجىرسىز ۋە جاپا — مۇشەققەتسىز، ئۆزلىكىدىن كېلىپ قالغاچقا، بىز ئۇنىڭ قەدرىگە تولۇق يەتمەيۋاتىمىز. ئەسلىدە، بۇ دىنىنى تارقىتىش يولىدا ئۆز جانلىرىنى پىدا قىلغان شېھىدلار ئاز ئەمەس. ئىسلام دىنى قىلىچنى پەقەت ئۆز تەۋەلىرىنى تاجاۋۇزچى كۈچلەردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈنلا قوللانغان.

**— ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن قايسى دىنلارغا ئېتىقاد قىلاتتى؟ بۇھەقتە چۈشەنچە بەرسىڭىز؟**

— تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار قەدىمكى زامانلاردا ھەرخىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇيغۇرلار ھۇنلار دەۋرىدە تۈيىن دىنغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا كائىناتنىڭ ھاكىمىيىتى بىرلا تەڭرىنىڭ قولىدا بولماستىن، بەلكى ھەر بىر ئىش ئۈچۈن بىر تەڭرى بولۇپ، بۇ تەڭرىلەرگە ئايرىم — ئايرىم ئىبادەت ۋە قۇربانلىق قىلىناتتى. مەسىلەن: دۇنيانى يارىتىش ۋە يوق قىلىش ئىشلىرىنىڭ ئىلاھلىرى قۇياش، ئاي ۋە ئاسمان ئىدى. يەرنى ئىنسانىنىڭ پەرۋىشچى ئىلاھى دەپ، ئۇنىڭغا ئايرىم ئىبادەت ۋە قۇربانلىق قىلىناتتى. بۇلاردىن باشقا سۇ تەڭرىسى، شامال تەڭرىسى دېگەن تەڭرىلەرگىمۇ ئايرىم ئىبادەت ۋە قۇربانلىق قىلىناتتى. قۇربانلىقتا كۆپىنچە ئات سويۇلاتتى. كېيىن مىلادىنىڭ 150 - يىلىدا شەرقىي تۈركىستاندا بۇددا دىنى راۋاج تېپىشقا باشلىغاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇددا راھىبلىرى موڭغۇلىيىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى بۇددا دىنىغا دەۋەت قىلغان. شۇندىن باشلاپ شەرقىي ئۇيغۇرلاردا بۇددا دىنى ئەڭ مۇقەددەس دىن بولۇپ ئورۇن ئالغان . 762 - مىلادى شەرقىي

ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى بۆكە قاغان جوڭگوغا بېرىپ، لوياڭ (خۇنەن) شەھىرىنى بىر مۇددەت ئىشغال قىلغان ۋاقىتدا، ئۇيەردىكى مانى دىنى راھىبلىرىدىن تۆت ئادەم بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنى قارا بالغاسۇنغا ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ. بۆكە قاغان بۇ راھىبلارنىڭ دەۋىتى بىلەن مانى دىنىغا كىرىدۇ ۋە بۇ دىننى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەۋج ئالدۇرۇشتا كۆپ كۈچ قوشىدۇ. قارا بالغاسۇننىڭ خارابىسى ھەققىدە يېزىلغان ئۇيغۇر ئەسەرلىرى بۇ ۋەقەلىكنى ئىسپاتلايدۇ. شەرقىي ئۇيغۇرلار يەنى ( موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇرلار) شەرقىي تۈركىستانغا ھىجرەت قىلىپ كۆچكەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىكى بۇددا دىنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدىن مانى دىنىنى بۇ جايدا ئەۋج ئالدۇرالمايدۇ. كېيىنچە، مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن ئاستا ـ ئاستا يۇقۇلۇپ، بۇددا دىنىلا قالىدۇ.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۆز ۋاقتىدا ھىندىستاندىن قالسا خوتەن، قەشقەر، كۇچار شەھەرلىرى بۇددا دىنىنىڭ ئىككىنچى چوڭ مەركىزى ھېسابلىناتتى. بۇددا دىنى مىلادىنىڭ 1397 ـ يىللىرىغىچە تۇرپان، بەشبالىق(ئۈرۈمچى ئەتراپلىرى)دىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇد ئىدى، ئەمما قەشقەر بىلەن ئاتۇشتا ئىسلام دىنى مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلىدىلا يىلتىز تارتىپ بولغان. (مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى).

**— قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ قۇلچىلىقىنى قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ جەننەتى بولىدىغانلىقى مەلۇم. ئۇنداقتا ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى نېمە بولىدۇ؟**

— ھەق دىنىنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن ياشىغانلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى «ئۇلارنى كاپىر دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، ياكى مۇسۇلمان دېيىشكىمۇ بولمايدۇ» دېگەن پىكىرنى ئېيتىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئازاپ قىلمايمىز» [ئىسرا سۈرىسى 15 ـ ئايەت] بۇ ئايەتكە ئاساسەن، ھەق دىنىنىڭ دەۋىتى يەتمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا ئەگەشمىگەن پېتى ئۆلگەنلەر ئازابقا دۇچار بولمايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ دەۋىتى كەلگەنلىكىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئاڭلىغان، ياكى كۆرگەن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتماستىن ئۆلگەنلەر كاپىر ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ئاخىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان ھەق دىنغا چاقىرغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «قانداقلا بىر ئۈممەت بولمىسۇن بىز ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق» [فاتىر سۈرىسى 24 ـ ئايەت] بۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشمىگەنلەر كاپىر، ئەگەشكەنلەر مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ دىنلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى بىر ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان.

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئاللاھ تائالا كىتابلارنى چۈشۈرگەن. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋرات، داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا زەبۇر، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىنجىل ناملىق كىتابلارنى چۈشۈرگەن.

مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، يۇقىرىقى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەسلىسىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان.

**— دېمەك، بىز كۆپچىلىكىمىز كاپىر سۆزىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئانچە دۇرۇس چۈشەنمىسەك كېرەك. شۇ ھەقتە ئېيتىسىڭىز؟**

— كاپىر سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى — يوشۇرغۇچى دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ ئىسلام ئىستىلاھىدىكى مەنىسى: ئاللاھ تائالاغا ياكى ئىسلام دىنىغا ياكى ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئىشلاردىن بىرەرسىگە ئىنكار قىلغۇچى دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ تەبىئىي پىترىتىدە (تۇغۇلۇشتىكى ھالىتىدە) ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد قىلىش ئېڭى مەۋجۇدتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلمىغان ئادەم ئۆزىنىڭ يارىتىلىشتىكى تەبىئىي ئېڭىنى يوشۇرغان ۋە ئۇنى پەردىلىگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنداق كىشى «كاپىر ـ ھەقىقەتنى يوشۇرغۇچى» دەپ ئاتالغان. «قۇرئان»دا «باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى)، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ» دەيدۇ. [رۇم سۈرىسى 30ت ئايەت].

**ـــ هالال ۋە هارام ئۇقۇمى قانداق پەرقلەرگە ئىگە؟**

ـــ ئىسلام شەرىئىتىدە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇرۇس دەپ بەلگىلەنگەن ھەر قانداق يېمەك ـ ئىچمەكلەر ۋە ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەتلەر ھالالدۇر. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇرۇس ئەمەس دەپ چەكلەنگەن ھەر قانداق يېمەك ـ ئىچمەكلەر ۋە ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەتلەر ھارامدۇر. ھالال ۋە ھارام ھەر قانداق ئىش پائالىيەتلەردە ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلەردە باردۇر. مەسىلەن: سودا ـ سېتىق قىلىش ھالال بولسا، ئۆسۈم يېيىش ياكى ئۆسۈمگە قەرز ئېلىش ھارامدۇر. ئىلىم تەھسىل قىلىش ھالال ۋە شەرەپلىك ئىش بولسا، سېھىرگەرلىكنى ۋە رەمچىلىكنى ئۆگىنىش ياكى كەسىپ قىلىش ھارامدۇر. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە ھالال دەپ بەلگىلەنگەن پاك يېمەك ۋە ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىش ھالال بولسا، ھاراق ۋە چوشقا گۆشىگە ئوخشاش نجىس نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ھارامدۇر. ھالال ۋە ھاراملارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ماۋزۇدا كەڭ چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشنى خالىغانلار «ھالال ـ ھارام» ھەققىدە يېزىلغان ئالاھىدە كىتابلار بار. شۇ كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.

**ـــ ھازىر دۇنيادىكى نوپۇزلۇق دىنلار قايسىلار؟**

ـــ ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق دىنلار ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە بۇددا دىنىدۇر. ئىسلام دىنى كۈندىن ـ كۈنگە تېز سۈرئەتتە تارقالماقتا، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاشماقتا. چۈنكى ئىسلام دىنى باشقا دىنلارغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىشىنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. بەلكى ھەر بىر كىشى ئەقىل ئىشلىتىپ، پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەقىقەتكە يېتىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپ ئايەتلىرى كىشىلەرنى پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋە ھاياتنىڭ سىرلىرىنى بىلىشكە، ھەقىقەتنى ئاۋۋال ئۆز ئەقلى بىلەن ئىزدەپ تېپىشقا چاقىرىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرى «بۇ ئېيتقانلىرىمىزدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، ئىبرەتلەر بار» دېگەن سۆز بىلەن ئاياقلاشقان. دېمەك، ئىسلام دىنى ئەقىلغا خىتاب قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىپ، ئەقلى بىلەن ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم ھەقىقەتەن ئەقىللىق كىشىدۇر. ھازىر ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە ئاتاقلىق تەبىئىي پەن ئالىملىرى، پەيلاسوپلار ۋە دوختۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كەسپلىرى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە ئاجايىپ قۇدرەتلىرىنى، شۇنداقلا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىلىقىنى تونۇپ، بەس ـ بەستە ئىسلام دىنىغا كىرمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىسلام دىنىغا كىرگەن خرىستىئان پوپلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ.

**ـــ ھەرەمگە بارغانلارنىڭ ھەممىسى ھاجىلىق لاياقىتىگە ئىگە بولالامدۇ؟**

ـــ ھەرەمگە بېرىپ، ھەج تاۋاپ قىلىشقا قۇدرىتى يەتكەن ئادەملەر ئۈچۈن ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش پەرزدۇر. بىر قېتىمدىن ئارتۇق قىلىنغان ھەج تاۋاپلار نەپلە(ئىختىيارى ئىبادەت) بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلسا ساۋاپ بولىدۇ، قىلمىسا گۇناھ بولمايدۇ.

ھەجگە بارغۇچىنىڭ ئىقتىسادى يېتەرلىك بولۇپ، پەرزەنتلىرى ۋە ئائىلى قىيىنچىلىق تارتىپ قالمايدىغان ھالەتتە بولسا، ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ھەج پەرزنى ئادا قىلىمەن دېگەن نىيەت بىلەن ھەرەمگە بېرىپ، ھەج تاۋاپ قىلسا كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ ۋە گۇناھلاردىن پاك پاكىز بولىدۇ. ھەجگە بارغۇچى ئەگەر ھاجىم ئاتىلىپ، ئابروي، شۆھرەت قازىنىش ياكى تىجارەت قىلىپ، باي بولۇش نىيىتى بىلەن ھەرەمگە بارسا، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغىنىغا يېتىدۇ. بىراق ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ساۋابتىن نېسىۋىسى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئاخىرەتنى نىيەت قىلغان ئەمەس، بەلكى مۇشۇ دۇنيالىقنى نىيەت قىلىپ ھەرەمگە بارغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەللەرنىڭ ئاللاھ تائالا دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەركىم ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە يېتىدۇ.» [بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى]

**— ناماز ئوقۇماي يۈرگەن ئادەم ئۈستىدىن قانداق ھۆكۈم ئېيتىشقا بولىدۇ؟**

— ناماز — ئىسلام پەرزلىرىنىڭ ئالدىنقىسىدۇر. ناماز ئوقۇش ئاللاھ تائالانىڭ كەسكىن ئەمرى بولۇپ، ئۇ ھەر قانداق مۇسۇلمان، بالىغ، ئاقىل كىشىنىڭ ئۈستىدىكى پەرزدۇر. ناماز ئوقۇمىغان كىشىنىڭ ھۆكمى ئىككى خىل بولىدۇ: ناماز ئوقۇمىغان ئادەم، ئەگەر نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىق ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق سەۋەبىدىن ناماز ئوقۇمىغان بولسا، بۇنداق ئادەم كاپىر بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاللاھ تائالانى تونۇپ، نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزۈر ياكى ھورۇنلۇقى سەۋەبى بىلەن ناماز ئوقۇماي يۈرگەن بولسا، ئۇ كاپىر بولمايدۇ. بەلكى گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى ئۇ نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد قىلغان ئىكەن، ئۇ ئادەم كاپىر ھېساپلانمايدۇ، بەلكى گۇناھكار ھېساپلىنىدۇ.

**— قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى، يامغۇر ياغىدىغان ۋاقتىنى، قۇرساقتىكى بالىنىڭ قانداقلىقىنى، ئەتە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، دېيىلگەن. بىراق ئۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرىنى ئىنسانلار ھازىرقى پەن - تېخنىكىنىڭ يۈكسەكلىكى نەتىجىسىدە بىر قانچە كۈن بۇرۇن بىلەلەيدۇ. بۇنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟**

— ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغان ۋاقتى توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ تائالا يامغۇرنى ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن يەرگە ياغدۇرىدۇ، قۇرساقتا ئۈنگەن بالىنىڭ تەقدىرىنى (يەنى ئوغۇلمۇ قىزمۇ، بىجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ئاللاھ تائالا بىلىدۇ. ھېچبىر ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ھېچبىر ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن پۈتۈن ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» [لۇقمان سۈرىسى 34 - ئايەت]

قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ بىلمەيدۇ. بۇ مەسىلە تالاش – تارتىش ماۋزۇسىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىمەن، دەپ دەۋا قىلغان بىرمۇ ئادەم يوق. لېكىن ئاللاھ تائالا قىيامەت بولۇشتىن بۇرۇن يۈز بېرىدىغان بەزى ئالامەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىزلەرگە بىلدۈرگەن. ئۇلار: ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، جاھالەتنىڭ كۆپىيىشى، زىنا - پاھىشە ئىشلارنىڭ كۆپىيىشى، جازانىخورلۇقنىڭ كۆپىيىشى دەججالنىڭ چىقىشى ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت. بىز قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، قىيامەتنىڭ ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان بىر سائەتتە چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر. تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ ئالەمنىڭ بىر كۈنى پۈتۈنلەي تارمار بولۇپ، ھەممە نەرسىنىڭ يوق بولىدىغانلىقىنى جاكارلىماقتا. قىيامەتنىڭ بولۇشى ئەقىل ۋە ئادالەتنىڭ بىردەك تەقەززاسىدۇر. قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ياخشى - يامان بارلىق قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ. قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر.

2 - يامغۇرنىڭ قاچان ۋە قەيەردە يېغىشى ئاللاھ تائالانىڭ قەدىمىي ئىلمىدە ئاللاھ تائالاغىلا مەلۇمدۇر. ئاللاھ تائالا يامغۇرنى ۋە يامغۇر ياغىدىغان يەرلەرنى يارىتىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ قەدىمىي ئىلمى بىلەن يامغۇرلارنىڭ قاچان، قانداق يەرلەرگە قانچىلىك ياغىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ ئۇنى شۇنداق بېكىتىۋەتكەن. ئەمما ئىنسانلار ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ سايىسىدا يامغۇر يېغىشتىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن ئۇنىڭ قايسى كۈنى قەيەردە ياغىدىغانلىقىنى تەخمىنى بىلەلەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇنداق بىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ شەك قوبۇل قىلمايدىغان ئەزەلدىنكى بىلىشىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ ۋە قارشى كەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئەزەلدە بىلگەن بولسا، ئىنسانلار بولىدىغان ئىشنىڭ ئالامەتلىرىگە قاراپ ئۇنى تەخمىن بىلەن بىلىدۇ. چۈنكى يامغۇر شامالّارنىڭ بۇلۇتلارنى قوغلاپ سىقىشى نەتىجىسىدە، بۇلۇتلاردىن سىقىلىپ چۈشىدىغان سۇ. ھازىر ئىنسانلار ئاسماننى كۆزىتىش ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق بۇلۇتلارنىڭ قايسى جاينىڭ ئۈستىدە يۈرۈۋاتقانلىقىنى ۋە شامالّارنىڭ قانچە بال مىقداردا بۇلۇتلارنى قوغلاۋاتقانلىقىنى كۆزىتىش ئارقىلىق شامال ۋە بۇلۇتلارنىڭ سەيرلىرىنى ھېسابلاپ چىقىش بىلەن قايسى كۈنى،

قايسى يەرگە يامغۇر ياغدۇرغانلىقىنى تەخمىن بىلەن بىلىپ چىقىدۇ. بۇنداق بىلگەنلىك غەيبنى بىلگەنلىك ھېساپلانمايدۇ. بەلكى بۇلۇتلارنىڭ يولغا چىقىپ، يامغۇر ياغدۇرۇشقا ھازىر بولغانلىقلىرىدىكى ئالامەتلىرىنى بىلگەنلىكتۇر، بەس. ئاللاھ تائالا ھەر ئىشنى يارىتىشتىن بۇرۇن ئۇ ئىشنىڭ قاچان مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى ئېنىق ۋە كەسكىن بىلىدۇ. ئەمما ئىنسانلار ھەر ئىشنىڭ ئالامەتلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى تەخمىن بىلەن بىلىدۇ. بۇ ئىككى بىلىش بىر - بىرىگە ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ.

3 - قۇرساقتىكى بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز، كەمتۈك ياكى بېجىرىم ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ قەدىمىي ئىلمى بىلەن بالىنىڭ قۇرساققا ئۇيۇشىدىن بۇرۇن يەنى ئۇنى شۇنداق تەقدىر قىلغان ۋاقتىدىنمۇ ئىلگىرى بىلىدۇ. ئەمما ئىنسانلار ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ سايىسىدا ئۇنى يارىتىلىپ ۋە جان كىرىپ بولغاندىن كېيىنلا بىلەلەيدۇ. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ بەچچىدانىغا تۆكۈلگەن مىليونلارچە ئۇرۇقچىلار(سپېرمىلار) 24 سائەتكىچە بەچچىداندا ئايلىنىپ يۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇلاردىن ئاران بىر دانىسىلا بەچچىداندا ئورۇن ئالالايدۇ، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى 24 سائەتتىن كېيىنلا ئۆلىدۇ. ھازىر دوختۇرلار پەن - تېخنىكا سايىسىدا بەچچىداندا ئورۇنلاشقان ئاشۇ بىر دانە سپېرمىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا جان كىرىپ بولغاندىن (يەنى 4 - 5 ئايدىن) كېيىن، مەخسۇس كۆرسىتىش ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق بىلەلەيدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا سپېرمىلار تۆكۈلۈشىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي بىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئايالى ھامىلدار بولۇشتىن بۇرۇن خەۋەر قىلغان: «ئاللاھ ئېيتتىكى) «ئى زەكەرىيا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز» [مەريەم سۈرىسى 7- ئايەت] بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بالا قۇرساققا ئۆتۈشتىن بۇرۇنلا، ئۇنىڭ قىزمۇ ياكى ئوغۇلمۇ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئەمەسمۇ؟!

4 - ئەتە نېمىلەر قىلىدىغانلىقىنى ئىنسان بىلمەيدۇ. بەزىلەر دەيدۇ: «ئىنسانلار ئەتە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئالدىنئالا بىلىدىغۇ؟» بىز دەيمىزكى: ئىنساننىڭ «ئەتە ئۇنى قىلىمەن، بۇنى قىلىمەن» دېگەننى بىلىشى ئەمەلىيەتتە ئەتە بولىدىغان ئىشنى ۋە قىلىدىغان ئىشلىرىنى بىلگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئۇنى پىلانلىغانلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا بىر ئىنساننى يارىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ نەچچە يىل ياشايدىغانلىقىنى ۋە ھاياتىدىكى ھەر بىر كۈندە ۋە ھەر بىر سائەت، مىنۇت، ھەتتا سىكونتلاردا نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز ئىكەنلىكىنى كەسكىن بىلىدۇ. ئەمما ئىنسانلار كېلىچەكتە قىلىدىغان ئىشلىرىنى پەقەت پىلانلايدۇ ۋە شۇ ئىشقا نىيەت قىلىپ، بەل باغلايدۇ. لېكىن ئۇ ئىشلارنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. مەسىلەن: سىز ئەتە مەلۇم بىر ئىشنى قىلىمەن، دەپ بەل باغلاپ، ئۇنى پىلانلايسىز، لېكىن ئۇ ئىش بەزىبىر سەۋەبلەر تۈپەيلى ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. مانا بۇ ئەتىكى ئىشنى بىلمىگەنلىكىڭىزدۇر. كۈندىلىك تۇرمۇشتا بۇ خىل ئىشلار، ۋەقەلەر تولا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ئېنىقلاندىكى، ئىنسان ئەتە قىلىدىغان ئىشنى پىلانلىيالايدۇ، بىراق بولۇش - بولماسلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ھېچكىم رەت قىلالمايدۇ.

5 - كىشىنىڭ نەدە ئۆلىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ مەسىلە تالاش - تارتىش ماۋزۇسىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى ھېچقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ نەدە ئۆلىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغالىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلماي قالمايدۇ.

**— ۋەتەن سۆيگۈسى ھەققىدە ئىسلام دىنىنىڭ نەزەرىيىسى قانداق؟**

— ئىسلام دىنى ۋەتەن سۆيگۈسىنى ناھايىتى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇنى كاتتا ئىبادەتلەردىن سانايدۇ. ئىسلامدا ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسىدىن كېيىنلا ۋەتەن سۆيگۈسى كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز ۋەتىنى مەككىنى شۇنچىلىك كۆپ سۆيگەنكى، ئۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن مەككە بىلەن ۋىدالىشىش ئالدىدا «ئەي سۆيۈملۈك يۇرتۇم مەككە، سېنىڭ قەۋمىڭ مېنى سەندىن ھەيدەپ چىقارمىغان بولسا ئىدى، مەن سەندىن ھەرگىزمۇ ئايرىلمىغان بولاتتىم»، دەپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىكى

مۇھاجىرەتتە بولغان ۋاقىتلىرىدىمۇ مەككىنى سېغىناتتى ۋە ئاللاھ تائالادىن ئۇنىڭ ئازات بولۇشىنى تىلەيتتى، ھەتتا ئۇ چۈشىدىمۇ مەككىگە بېرىپ، ئۇ يەرنى مۇشرىكلاردىن پەتھى قىلىپ كۆرەتتى. ئاخىرى ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن (مىلادىيە 630 – يىلى(ھىجرىيەنىڭ 8 - يىلى) مەككىنى پەتھى قىلىدۇ ۋە پەيغەمبەرلىك بورچىنى تولۇق ئادا قىلىپ، مىلادىيە 632 – يىلى (ھىجرىيەنىڭ 10 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتىدۇ. دېمەك، ئىسلام دىيارى بولغان ۋەتەننىڭ غېمى بىلەن ياشاپ، ئۇنىڭ ھۆرلىكى ئۈچۈن كۆرىشىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسىدۇر.

**— ئادەملەر ئارىسىدا ئىسلام دىنى ئىلىم - مەرىپەتكە يول قويمايدىغان خۇراپى دىن دېگەن پىكىرلەرمۇ مەۋجۇد، ئۇنىڭدا ئەمەلىي ھەقىقەت بارمۇ؟**

— ئىلىم ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى چاقىرىقىدۇر. ئىسلام دىنى ئىلىم ئۈچۈن بىر چىراق بولسا، ئىلىم ئىسلام دىنى ئۈچۈن جانغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ئەڭ دەسلەپكى ۋەھيىسى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ چۈشۈشكە باشلىنىشى «ئوقۇ» دېگەن بۇيرۇق رايى بىلەن باشلانغان. مەلۇمكى، ئىلىم ئوقۇش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ.

ئىلىمنىڭ ئاساسى بولغان ئەقىلنى «قۇرئان كەرىم»دە 50 ئورۇندا بايان قىلىپ، ئۇنى ماختىغان. ئاللاھ تائالا ئىلىمنىڭ پەزىلىتىنى ماختاپ، مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ئىلىم بېرىلگەن كىشىلەرنى بىر قانچە دەرىجە كۆتىرىدۇ.» [مۇجادىلە سۈرىسى 11 - ئايەت] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار تەڭ بولالامدۇ؟!» [زۇمەر سۈرىسى 9 - ئايەت] ئاللاھ تائالا ئىلىم ئىگىلىرىنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ ۋە ئۇلارنىڭ شەنىنى پەۋقۇلئاددە كۆتۈرۈپ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلىقى ۋە بىرلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان. «ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» [ئال ئىمران سۈرىسى 18 - ئايەت]

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «بىلىم ئېلىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشىگە پەرزدۇر.»[بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىلىم ئېلىش يولىغا كىرىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئوڭايلاشتۇرىدۇ.» يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان «ئىلىم» سۆزى دىنى ئىلىملاردىلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان پۈتۈن ئىلىم - پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام دىنى ئىلىم - مەرىپەت بىلەن يۇغۇرۇلغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بىلمىسىز، ئاڭسىز ھالدا قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. بۇنداق ئىمانىمۇ ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» كىشىلەرنى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرەت كامالەتلىرىگە دالالەت قىلىدىغان تۈرلۈك ئالامەتلەرنى بىلىم يولى بىلەن تونۇپ، ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە،(ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەر باردۇر.» [ئال ئىمران سۈرىسى 90 - ئايەت].

ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىلىم - پەنلەرنى تەھسىل قىلىشقا چاقىرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بارلىق ئىلىم - پەنلەرگە تەشەببۇس قىلغان. ئەمما «قۇرئان كەرىم» دىنى كىتاب بولغاچقا بۇ پەنلەرنى تەپسىلىي ھالدا بايان قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنى تەھسىل قىلىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بەرگەن ۋە بىلىم ئېلىشنى ئىسلام پەرزلىرىنىڭ بىرى قىلىپ بەلگىلىگەن. شۇنداقتىمۇ «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر سانسىزدۇر. ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن ئالىملىرى بەزى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى كەشىپ قىلالىغان بولسا، «قۇرئان كەرىم» 14 ئەسىر بۇرۇنلا ھازىر كەشىپ قىلىنغان ۋە تېخى كەشىپ قىلىنىپ بولالمىغان كۆپلىگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى بايان قىلغان. تۆۋەندە «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەردىن بىر قانچىسىنى بايان قىلىمىز:

1 - «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ. بۇ غالىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق. ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ» (سۈرە ياسىن 39 – 40 – ئايەتلەر) بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ ئورنى قۇياشتىن 93 مىليون مىل يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇ ئۆز ئوقىدا 24 سائەتتە بىر قېتىم ئايلىنىدۇ ۋە قۇياشنىڭ ئەتراپىنى 365 كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىپ بولىدۇ. يەر شارىنىڭ شەكلى توپقا ئوخشايدۇ. يەر شارىنىڭ بىر سائەتلىك ئايلىنىشى 1000 مىل (1500 كىلومېتر) بولۇپ، ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى بىر سائەتلىك ئايلىنىشى 65000 مىلدۇر. ئەگەر يەر شارى ئۆزىنىڭ ھازىرقى

شەكلى ۋە ھەجمىدىن چوڭ ياكى كىچىك بولغان بولسا، زېمىندىكى ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. چۈنكى يەر شارىنىڭ شەكلى بىلەن ھەجمى ئۇنىڭ تېزلىكى ۋە ئايلىنىشىغا مۇناسىپتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى بىر سائەتتە 1000 مىل بولماستىن، ئۇنىڭدىن كەم ياكى زىيادە بولغان بولسا يەنە ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. شۇنىڭدەك، ئەگەر يەرشارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى يىللىق ئايلىنىشى 18 مىلدىن كەم - زىيادە بولغان بولسا، دۇنيادىكى تۆت پەسلىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇپ، يامغۇرنىڭ يېغىش نىزامى بۇزۇلغان بولاتتى. شۇنداقلا، ئەگەر يەرشارىنىڭ قۇياش بىلەن بولغان مۇساپىسى ھازىرقى مىقداردىن يېقىن بولغان بولسا، يەرشارىدىكى ئىنسان، ھايۋان، دەل – دەرەخ، ئۆسۈملۈك ۋەزىرائەت ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولغان بولاتتى، ئەگەر بۇ ئىككىسىنىڭ مۇساپىسى ھازىرقى مىقداردىن يىراق بولغان بولسا، يوقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى توڭلاپ نابۇت بولغان بولاتتى. دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە پۇختا پىلانى بىلەن ئەزەلدە شۇنداق بېكىتىلگەن قانۇنىيەتلەردۇر.

2 - ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « ئاسمان - زېمىندىكى زەررە (ئاتوم) چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچ قايسىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىلىشىدىن چەتنەپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدا خاتىرىلەنگەن» (سۈرە يۇنۇس 16 – ئايەت) بۇ ئايەت ئەڭ كىچىك نەرسە ئاتوملا ئەمەس، بەلكى ئاتومدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ماتېرىيالىزمچىلار 19 - ئەسىرگە كەلگىچىلىك دۇنيادا ئەڭ كىچىك نەرسە ئاتوم دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقاتچىلىرى ئاتومدىن كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئاتومنىڭ كىچىك پارچىلىرى - پىروتون، نېترون ۋە ئېلېكتروندىن ئىبارەت.

3 - ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا كىمنىكى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ. ئاللاھ تائالا كىمنىكى ئازدۇرماقچى بولسا ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ.» (سۈرە ئەنئام سۈرىسى 125 - ئايەت) ھاۋانىڭ ئېگىز تەبىقىلىرى «ئاتموسفېرا» بىلىنگەندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، يوقىرى تەبىقىلەردە ئوكسىگىن ئاز بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇ جايلاردا دەم ئېلىش قىيىن بولىدۇ. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمىغان كىشىگە ئىمان ئېيتىش قىيىن كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ كۆڭلى سىقىلىپ، ئىچى تارلىشىپ قالغانلىقىنى خۇددى ئاسمانغا چىققان كىشىنىڭ نەپسىنىڭ سىقىلغىنىغا ئوخشىتىش ئارقىلىق تەبىرلىگەن. دېمەك، بۇ ئايەت ھاۋانىڭ ئېگىز تەبىقىلىرىدە ئوكسىگىننىڭ ئازلىقىدىن ئۇ جايلاردا نەپەسنىڭ سىقىلىدىغانلىقى ۋە ئاسمانغا چىقىشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن.

4 - ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر بىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق». [سۈرە زارىيات 49 – ئايەت] بۇ ئايەت دۇنيادىكى جانلىق، جانسىز ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت جۈپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. جانلىقلارنىڭ ئەركەك چىشىدىن ئىبارەت جۈپ ئىكەنلىكىنى ھەركىم مۇنازىرىسىز قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما «قۇرئان كەرىم» جانسىز ماددىلارنىڭمۇ ئەركەك، چىشىدىن ئىبارەت جۈپ ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماددىلاردىمۇ ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت جۈپلەر بار. مەسىلەن: توك مىنۇس ۋە پىلۇستىن ئىبارەت بىرى ئەركەك، يەنە بىرى چىشى ئىككى ماددىدىن بىر جۈپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىرلەشكەندىلا ئىشلەيدۇ. ئاتوممۇ ئەركەك ۋە چىشى بولغان ماددىلاردىن مۇرەككەپ بولىدۇ. ئاتوم مېغىزى ئەركەك بولسا، ئېلېكترون چىشىدۇر. ئاتوم مېغىزىمۇ يەنە پروتون ۋە نېترون دەپ ئاتىلىدىغان بىرى ئەركەك، يەنە بىرى چىشى ماددىلاردىن تەركىب تاپقان.

5 - ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق. ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق. يەر يۈزىدە ھەر خىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ياراتتۇق» [ھىجىر سۈرىسى 19 - ئايەت] دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ھەر نەرسە مەلۇم مىقداردا ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: ئوكسىگىننىڭ مىقدارى 21% بولماي % 50 بولغان بولسا، دۇنيادىكى مەۋجۇداتلار ئەڭ كىچىك بىر شامال بىلەن ھالاك بولغان

بولاتتى. دۇنيادىكى جانلىقلار ئوكسىگىندىن نەپەس ئېلىش ئارقىلىق ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇلار ئوكسىگىندىن نەپەس ئېلىپ، كاربون 4 ئوكسىدىنى سىرتقا چىقىرىدۇ. زىرائەتلەر، ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەل - دەرەخلەر بولسا كاربون 4 ئوكسىدىنى نەپەس ئېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىدىكى ساپ ئوكسىگىننى سىرتقا چىقىرىدۇ. ئەگەر بۇ قانۇنىيەت ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان بولسا ئىدى، جانلىقلار ۋە جانسىز ئۆسۈملۈكلەر ياشىمىغان بولاتتى. بۇ ئايەتتىكى «ئۆلچەملىك» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «نىسبەتنىڭ باراۋەرلىكى» دېگەنلىكتۇر. ھازىرقى زامان خىمىيە ئالىملىرى زىرائەتلەردىكى بارلىق ماددىلارنىڭ ئەڭ نازۇك ئۆلچەمدە تەڭپۇڭلاشقان نەرسىلەردىن مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

6 - ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى ئۈچ قات پەردە) ئىچىدە يارىتىدۇ.» (زۇمەر سۈرىسى 6 - ئايەت) بۇ ئايەتتىكى ئۈچ قات پەردە بولسا، بالا ھەمراھىنىڭ پەردىسى، بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قۇرسىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قات پەردىدۇر. يېقىنقى زامان مېدىتسىنا مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ئۈچ قات پەردىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ناملارنى بەرگەن. ئۇلار مىنبارى، خوربۇن، لەفائىفى دەپ ئاتىلىدۇ.

7 - ئاللاھ تائالا يەنە «قۇرئان»دا «بىز ئۇلارنىڭ (يەنى ئىنسانلارنىڭ) بارماقلىرىنىمۇ ئوخشاش قىلىشقا قادىرمىز»دەيدۇ. [قىيامەت سۈرىسى 4 –ئايەت].

ئىنسانلاردىكى پۈتۈن ئەزالار بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن، كۆز كۆزگە، قۇلاق قۇلاققا، قول قولغا ئوخشايدۇ. بىراق، بارماقلارنىڭ سىزىقلىرى ھەرگىزمۇ بىر - بىرىگە ئوخشاش چىقمايدۇ. بەلكى ھېچبىر ئادەمنىڭ بارماق ئىزى يەنە بىرسىنىڭ بارماق ئىزىغا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتىكى «بارماقلىرىنىمۇ ئوخشاش باراۋەر قىلىشقا قادىرمىز» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بارماق ئىزلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ ھەقىقەت 1884 - يىلى مەلۇم بولۇپ، شۇندىن بېرى بارماق ئىزلىرى ئىنسانلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلماقتا.

**— ئىسلام شەرىئىتىدە قانداق ھالەتلەردە مېيىتنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ؟**

— كاپىرلارنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ نامازلىرىنى چۈشۈرمەسلىك ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! سەن ئۇنداق ئۆلگەن ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن. ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى.». [سۈرە تەۋبە 84 – ئايەت]

چۈنكى مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈشتىكى مەقسەت، مېيىتقا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەشتىن ئىبارەتتۇر. كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارغا مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىسلام دىنىنى ئېتىراپ قىلماي ئۆلگەن. بۇ مەسىلىدە پۈتۈن ئىسلام مەزھەبلىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ياكى چۈشۈرمەسلىك مەسىلىسىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىختىلاپلاشقان. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان بىر ئادەمنىڭ جىنازىسى كەلتۈرۈلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگەنلىكى بايان قىلىنغان. چۈنكى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ.

ئەمما ھەنەپى مەزھىبىنىڭ «ھاشىيەتۇ ئىبنى ئابىدىن» ناملىق ئەسىرىدە، «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان ئادەمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ» دەپ پەتىۋا بېرىلگەن. بۇنىڭ دەلىلى مۇنداق: ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش چوڭ گۇناھ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن كاپىر بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگەنلىكى، ئۇنىڭ قىلغان يامان ئىشىغا ئېچىنىپ، ئۇنىڭ نامىزىنى ئۆزى چۈشۈرمىگەن بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ چۈشۈرۈشىگە رۇخسەت قىلغان بولۇشى ئېھتىمال.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن باشقا گۇناھكار، پاسىق بولسىمۇ ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەپ يۈرۈپ ئۆلگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ نامىزىنىڭ چۈشۈرۈلىشىدە ئىختىلاپ يوقتۇر. چۈنكى ئىسلام قانۇنى كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىگە قاراپ باھا بېرىدۇ. قەلبلەردىكىلەرنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

**ـــ جىنازا نامىزىغا كەلگۈچىلەر بەزىدە تاھارەت ئېلىپ ئۆلگۈرەلمەي قالىدىغان ياكى يىراق ئارىلىقتىن يېتىپ كەلگىچە تاھارىتى بۇزۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ. مۇنداق ۋاقىتلاردا نامازنى تەيەممۇم بىلەن ئوقۇسىمۇ بولامدۇ؟**

ـــ ھەر قانداق ناماز ئۈچۈن ئالدى بىلەن تاھارەت ئېلىش شەرت بولغىنىغا ئوخشاش، جىنازا نامىزى ئۈچۈنمۇ تاھارەت ئېلىش شەرتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «تاھارەتسىز ئوقۇلغان ناماز مەقبۇل بولمايدۇ» دېگەن. ئاللاھ تائالا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەتنىڭ شەرت ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ، ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭلاردا يۈزۈڭلارنى، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇغۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار (غۇسلى قىلىپ) پاكلىنىڭلار». [سۈرە مائىدە 6 ــ ئايەت]

يۇقىرىدىكى ئايەتكە ئاساسلىنىپ، ئىسلام ئالىملىرى ھەر قانداق ناماز ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشنى شەرت قىلىپ بەلگىلىگەن. ئەمما جىنازا ھازىر بولغان ۋاقىتتا تاھارەتسىز كىشى تاھارەت ئېلىپ ئۆلگۈرەلمەيدىغان شارائىتتا بولسىمۇ، سۇ بار يەردە تەيەممۇم قىلىشنى شاپىئى ۋە مالىكى مەزھەبلەردە دۇرۇس ئەمەس، دەپ قارايدۇ. بىراق سۇپيان سەۋرىي ۋە ئەۋزائىي قاتارلىق بۈيۈك ئىسلام شەرىئەت ئالىملىرى بۇنداق شارائىتتا، يەنى تاھارەتسىز كىشى تاھارەت ئېلىپ كەلگىچە، جىنازا نامىزىغا ئۈلگۈرەلمەيدىغان ھالدا بولسا، جىنازا نامىزىدىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ دەپ، پەتىۋا بەرگەن. ئۇلارنىڭ دەلىلى مۇنداق: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئابدۇللا ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ساڭا تۇيۇقسىزدىن جىنازا كېلىپ قالغاندا، تاھارىتىڭ بولمىسا تەيەممۇم قىلىپ، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگىن» ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ جىنازا نامىزىنى تەيەممۇم قىلىپ چۈشۈرگەن. بۇ ئىككى ساھابىنىڭ ئۆز رەيى بىلەن مۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشنىڭ ئىسلامدىن دەلىلى بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ مەزھىبىمىز(ھەنەپىي مەزھىبى)مۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. بىراق مېيىتنىڭ ئىگىلىرى ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىشنى دۇرۇس كۆرمەيدۇ. چۈنكى مېيىتنىڭ ئىگىلىرى نامازنى كېچىكتۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر.

**ـــ كىشىلەر ئارىسىدا روزا پىترىسىنى كىملەرگە بېرىشكە بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشلار پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ئۇنى كىملەرگە بېرىشكە بولىدۇ؟**

ـــ روزىنىڭ پىترىسى كەمبەغەل، يوقسۇللارغا ۋە يېتىم ـ يېسىرلارغا بېرىلىدۇ. ئىسلام شەرىئەت ئالىملىرى بۇ مەسىلىنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، روزىنىڭ پىترىسى زاكات بېرىلىدىغان ھەر قانداق ئادەمگە بېرىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئاللاھ تائالا زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەرنى بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەر (تۇرۇشقا ئۆيىمۇ يوق يوقسۇللار) گە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلام دىنىغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەر (يۇرتىدىن ئايرىلىپ، يولدا قالغان پۇلسىز مۇساپىرلار)گە بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىدۇر.» [سۈرە تەۋبە 60 ــ ئايەت]

بۇ ئايەتكە ئاساسەن، زاكات ۋە روزا پىترىسى يوقىرىدا بايان قىلىنغان 8 خىل ئادەملەرگە بېرىلىدۇ. زاكات ۋە روزا پىترىسى كاپىرلارغا بېرىلمەيدۇ. زاكات ۋە روزا پىترىسىنى ياتلارغا بەرگەندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن بولغان يوقسۇللارغا بېرىش ئەۋزەلدۇر. بىراق زاكات ۋە روزا پىترىسى ئۆزىنىڭ ئائىلىغا، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنى بېقىش ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتتۇر. چۈنكى بۇلارغا زاكات ياكى روزا پىترىسىنى بەرگەنلىك ئۆزى ئۆزىگە بەرگەنلىك يەنى ھېچكىمگە ھېچ نەرسە بەرمىگەنلىكتۇر. ئەگەر ئائىلى باي بولۇپ، يولدىشى يوقسۇل بولسا، ئائىلى زاكات ۋە روزىنىڭ پىترىسىنى يولدىشىغا بەرسە بولىدۇ. زاكات ۋە روزىنىڭ پىترىسى ئۆزىنىڭ

قول ئاستىدىكى خىزمەتكارلىرىغا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېهتىياجلىرىنى قامداش ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتتۇر.

**— ئۆلگەن ئادەمنىڭ نەزىر - چىرىغىنى ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى بەلگىلىمىسى قانداق؟**

— ئىسلام دىنىدا ئۆلگەنلەرنىڭ يەتتىسى، قىرىقى، يىلى، ئالتە ئايلىقى ۋە 52 كۈنلىكى دەيدىغان بىرەر بەلگىلىمە يوقتۇر. بۇ ئىشلار ئەسلىدە پەقەت بايلار تەرىپىدىن مەيدانغا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا، ئۆلۈكلىرىمىزنىڭ يەتتىسى، قىرىقى ۋە يىلى قاتارلىق نەزىر - چىراقلارنى قىلىش ئارقىلىق كەمبەغەل، يوقسۇل ۋە يېتىم - يېسىرلارغا تائام بەرسەك، بۇلارنىڭ ساۋابى ئۆلۈكلىرىمىزگە يېتىشى مۇمكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. بۇرۇنقى ئۆلىمالىرىمىزمۇ بۇ خىل نەزىر - چىراقلار دىنىمىزدا بەلگىلەنمىگەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن كەمبەغەل، يوقسۇل ۋە يېتىم - يېسىرلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان ئىشلار بولغاچقا، ئادەملەرنى بۇ خىل ئىشلاردىن قاتتىق توسۇپ كەتمىگەن بولۇشى ئېهتىمال. شۇڭا بۇ ئىشلار داۋام قىلىپ كەلگەن. كېيىنرەك بۇ ئىشلار رەسمىي ئادەتكە ئايلىنىپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسى باي ياكى كەمبەغەل بولىشىدىن قەتئىينەزەر زادى ئۆتكۈزمىسە بولمايدىغان بىر رەسمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. هازىر بۇ ئىشلار يەنە تەرەققىي ئېتىپ، ئۆلگۈچىنىڭ 6 ئايلىقى بىلەن 52 كۈنلىكىنى بېرىشكە ئوخشاش يېڭىلىقلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئى مۇسۇلمانلار! دىنىمىزدا بەلگىلەنمىگەن بۇ خىل نەزىر - چىراقلارنى ئۆتكۈزىمىز دەپ، ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى قىيىنچىلىقلارغا دۇچار قىلمايلى! دىنىمىزغا ئەمەل قىلايلى! دىنىمىزدا ئۆلگۈچى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەلگىلىمە پەقەت ئۈچ تۇر، بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ئۆلگۈچىگە ئۇنىڭ ئائىلىدىن باشقىلارنىڭ ئۈچ كۈنگىچە تەزىيە بىلدۈرۈپ، تاماقشا ۋە كۆلكىلەردىن يىراق بولۇشى، ئەمما ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى يولدىشىغا تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى، ئىككىنچىسى، ئۆلگۈچىگە هەر ۋاقىت دۇئا قىلىپ ئۇنىڭ گۇناهلىرىنىڭ مەغپىرەتلىكىنى ئاللاه تائالادىن تىلەش، ئۈچىنچىسى، ئۆلگۈچىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى يۈرگۈزۈشتۇر.

يۇقىرىقى نەزىر - چىراقلارنى ئۆتكۈزگۈچى ئەگەر بۇ ئىشلار دىنىمىزدا بار دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن، بۇ كىشى «بىدئەت» يەنى دىنىمىزدا بۇيرۇلمىغان ئىشنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇناهكار بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىدئەتتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغان بىر ئىشنى ئۇنىڭغا كىرگۈزىۋالىدىكەن، ئۇ قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ». بۇ خىل نەزىر - چىراقلارنى ئۆتكۈزگۈچى ئەگەر بۇ ئىشلار ئۆرپ - ئادىتىمىز دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۆتكۈزسە، ئۇكىشى ئۆزىنى بىهۇدە ئاۋارە قىلغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلارغا ساۋاپ بېرىلمەيدۇ. ئەگەر بۇ خىل نەزىر - چىراقلارنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق كەمبەغەل، يوقسۇللارنى ۋە يېتىم - يېسىرلارنى خۇش قىلىش ئارقىلىق ئاللاه تائالانىڭ ساۋابىغا ئېرىشمەن دېگەن نىيەت بىلەن قىلماقچى بولسا، ئۆلۈكنىڭ يەتتىسى، قىرىقى، يىلى ۋە ئالتە ئايلىقى دەپ بەلگىلىمەستىن، خالىغان ۋاقىتتا ئۆزى خالىغىنىچە، بايلارغا ئەمەس، پەقەت يېتىم - يېسىرلارغا، يوقسۇللارغا خەير ـ ئېهسان قىلسا، نەزىر قىلىپ ئۇلارنى چاقىرىپ غىزالاندۇرسا بولىدۇ. بۇ چوقۇم ياخشى ئىشتۇر، ئاللاه تائالا ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياخشى ساۋاب بېرىدۇ. بۇ ساۋابنى ئۆلگۈچىسىگە ئاتىسا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا يېتىدۇ.

**— ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئائىلە ئەزالىرى بىلەن يېقىن قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ يەتتە نەزىرىنى ئۆتكۈزمىگىچە چاچ - ساقاللىرىنى چۈشۈرمەيدىغان، يېڭى كىيىملەرنى كىيمەيدىغان ئادەتلەر بار. مۇشۇ ئىشلار ئىسلامدا بارمۇ؟**

— ئىسلام دىنىدا ئۆلۈك ئۈچۈن قىلىنىدىغان پەقەت يوقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ ئىشلا بار. ئۇنىڭدىن باشقا هېچقانداق قائىدە - يوسۇن يوقتۇر. ئاتا - ئانىمىز، پەرزەنتلىرىمىز ياكى قېرىنداشىمىز ئۆلدى دەپ چاچ - ساقالنى ئالدۇرماي، يېڭى كىيملەرنى كىيمەي ئۆزىنى تاشلاپ ماتەم تۇتۇش ئىسلام دىنىغا ئىنتايىن خىلاپ بولىدىغان يامان ئىشتۇر. بۇ ئىشلار ئەسلىدە بۇددا دىنىدىن قالغان قالاق ئادەتلەر بولۇپ، ئىسلام دىنى بۇنداق ئىشلارنى قىلىشنى ئاللاه تائالاغا ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق ياكى ئاللاه تائالانىڭ قازاسىغا رازى بولماي، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىك دەپ تەبىرلەيدۇ.

ئىسلام قائىدىسى بويىچە مېيىت چىققان ئۆيدىكىلەر شۇ مېيىت ئارقىلىق ئۆلۈمنى ياد ئېتىپ ئۆزلىرىنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۆلۈمگە ھازىرلىق كۆرۈشى، ئۆلۈككە ئاللاھ تائالادىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەپ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇشى ۋە قازاغا رازى بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا سېغىنىشى بەلگىلەنگەن. ئىسلامدا «پاكىزلىق ئىماندىن» دەيدۇ. مۇسۇلمان كىشى ھەر ۋاقىت پاكىز، تازا، چىرايلىق يۈرۈشى كېرەك. بولۇپمۇ جۈمە ۋە ھېيت كۈنلىرىدە يۇيۇنۇپ، يېڭى كىيىملەرنى كىيىش سۈننەت قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ چوڭ ساۋاپلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئۇ كىشى جامائەت توپلاشقان يەردە جامائەت بىلەن بىللە بولغانلىقتىن باشقىلارنى يېقىمسىز ھىدلىرى بىلەن راھەتسىزلەندۈرمەسلىكى ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى كىشى پاكىز، تازا، خۇشبۇي بولسا باشقا جامائەتلەرمۇ ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولىدۇ ۋە راھەتسىزلىك ھېس قىلمايدۇ. ئەگەر كىيىملىرى ياكى ئۆزى پاسكىنا، پۇرايدىغان بولسا، جامائەت ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ. مېيىت چىققان ئۆيدىكى توپلىشىشمۇ جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىدىكى توپلىشىشقا ئوخشاش جامائەتچىلىكتۇر. شۇڭا مېيىت چىققان ئۆيدىكىلەرنىڭمۇ يۇيۇنۇپ، پاكىز ۋە تازا يۈرۈشى ۋە ئېسىل كىيىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

**— كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش رەسمىيەتكە ئايلىنىپ كېتىپ بارىدۇ. ھەتتا بەزىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈش ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بەرمەكتە. بۇنىڭ ئىسلام دىنىمىز قائىدە ــ تەرتىپلىرى بىلەن باغلىنىشى بارمۇ؟**

— ئىسلام دىنىدا تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش دېيىدىغان بىرەر قائىدە يوسۇن يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ دەۋرلىرىدە ۋە كېيىنكى ئىسلامنىڭ پارلاق دەۋرلىرىدە بۇنداق ئىشلار مەۋجۇد بولغان ئەمەس. پەقەت يېقىنقى يىللار ئىچىدىلا بەزى مۇسۇلمانلار ياۋروپالىقلارنى دوراپ، بۇ ئادەتنى مەيدانغا چىقىرىۋالغان. تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئەسلى خرىستىئانلاردا مەۋجۇد بولۇپ، ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەپ كەلگەن. ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىنىمۇ خاتىرىلەيدۇ. دېمەك بۇ ئادەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى باشقا مىللەتلەرنى دوراشتىن توسۇپ، مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر قەۋمگە ئۆزىنى ئوخشىتىۋالسا (يەنى بىر قەۋمنىڭ ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىۋالسا) ئۇ كىشى شۇ قەۋمنىڭ قاتارىدىن بولۇپ كېتىدۇ». بۇ ھەدىسكە ئاساسلانغاندا، خرىستىئانلارنىڭ ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى دورىۋالغان ئادەم خرىستىئانلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ دېمەكتۇر. بىز مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىمىزنى تولىمۇ خورلاۋاتىمىز. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە «ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.» [ئال ئىمران سۈرىسى 139 - ئايەت] دەيدۇ. يەنە «غەلىبە ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپتۇر» دەيدۇ. [مۇنافىقۇن سۈرىسى 8 ــ ئايەت]

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىززەت، ئابرۇيلىرىمىزنى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىمىزنى ساقلىيالماستىن، ياۋروپالىقلارنى پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا ئۆزلىرىمىزگە ئۈلگە قىلىۋاتىمىز. نەزىرىمىزدە، ياۋروپالىقلارنى تولىمۇ كامالەتلىك ۋە ئۈلگىلىك ئادەملەر دەپ ھېس قىلىمىز. ھالبۇكى، ياۋروپالىقلارمۇ بىزلەرگە ئوخشاش تۇپراقتىن يارىتىلغان ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۇلار باشقا سەييارىدىن كەلگەن ئادەملەر ئەمەس، بەلكى ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش يەر يۈزىدە ئانىلاردىن تۇغۇلغان ئىنسانلاردۇر. بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۇ مىللەتنى يوقىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئىسلام دىنى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇڭا ئىسلامدا، ئىسلام دىنى قايسىبىر مىللەتكە كىرسە، ئۇ مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئىسلام ئېتىقادلىرىغا ۋە پرىنسىپلىرىغا زىت كەلمەيدىغان دەرىجىدە بولسا، بۇ ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر ئەرلىرىدە ئەزەلدىن چاچ قويۇش ئادىتى بولمىغان. ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلارنىڭ ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنىڭمۇ چېچى بار ئىدى. ئۇلار شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى چاچ قويۇشقا تەشەببۇس قىلمىغان. چۈنكى بۇ ئادەت ئىسلام ئېتىقادى ياكى پرىنسىپىغا زىت كېلىدىغان ئادەتلەردىن ئەمەس ئىدى. مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بەرگەن.

ئەمما تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش بولسا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدىنمۇ ئەمەس ياكى دىنىي ئەنئەنىلىرىمىزدىنمۇ ئەمەس، بەلكى خرىستىئانلارنىڭ ئادىتىدۇر. شۇڭا بۇنى چەكلەش كېرەك. بىز ياۋروپالىقلارنىڭ ئادەتلىرىنى دورىۋالمىساقمۇ، بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىمىز ۋە ئېسىل ئەنئەنىۋىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز بار. بۇلار بىزگە يېتەرلىكتۇر. بىزلەرنىڭ روزا ۋە قۇربان ھېيتلىرى قاتارلىق شەرەپلىك مىللىي ۋە دىنىي ئايەم كۈنلىرىمىز بار. بىز شۇ كۈنلەرنى خاتىرىلىسەك، بىزگە يېتىدۇ. ئەگەر ئۇرۇق- تۇغقانلار ۋە يېقىنلار ئارىسىدا ھەدىيە بېرىشىشنى خالىساق ئايەم كۈنلىرىدە بولامدۇ ياكى باشقا كۈنلەردە بولامدۇ، قانداقلا بىر كۈندە ھەدىيە بەرسەك ۋە ئالساق بولىدۇ.

بىز ياۋروپالىقلارنى دورىماقچى بولساق، ئۇلارنىڭ ئادەملەرنى يولدىن چىقىرىدىغان، ھايا، ئەخلاق ۋە نومۇسقا تەسىر يەتكۈزىدىغان يارامسىز ئادەتلىرىنى ۋە رەزىل ئەخلاقلىرىنى دورىماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى ئۆگەنسەك، بىزمۇ ئۆزىمىزنى بىچارە ھېس قىلماستىن، ئۆزىمىزگە ئىشەنچ باغلاپ، دۇنيا بىلەن پۈتۈنلەشسەك بولىدۇ. مانا بۇ ئىشلارغا ئىسلام دىنى بىزلەرنى تەرغىپ قىلىپ كەلمەكتە. مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن «قۇرئان كەرىم» بىزلەرنى بارلىق ئىلىم ـ پەنلەرنى ئىگىلەشكە چاقىرغاندا ۋە مۇسۇلمانلار تەرەققىي ئېتىپ، گۈللەنگەن دەۋرلەردە بۈگۈنكى ياۋروپالىقلار ھازىرقى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىنمۇ قالاق ۋە نامرات تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ھەتتا 14 ـ ئەسىردە ئىسلامنىڭ پايتەختى بولغان باغدات شەھىرىدە مۇسۇلمانلار ھەر خىل ئەسەرلەرنى ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان قەرغەزلەرگە نەشر قىلغان بولسا، ياۋروپالىقلار ئۆز ئەسەرلىرىنى تېرىلەرگە، يوپۇرماقلارغا يازغان ئىدى. پەقەت 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇسۇلمانلار ئۆزئارا بۆلۈنۈشلەر سەۋەبى بىلەن ئاجىزلىشىپ، پەن، مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات نۇۋىتىنى ياۋروپالىقلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىنلا، ياۋروپالىقلار تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى، بىزلەر بولساق، بايلىقلىرىمىزنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، چۆمچىيىپ قالغان يوقسۇللارغا ئايلىنىپ قالدۇق.

**ــــ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغان پەرزلىرىنى ئادا قىلماي، ھاراق ئىچىپ، كەيپى ـ ساپا بىلەن يۈرگەن كىشىلەر نەزىر ـ چىراق ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ نەزىرىنى يېيىشكە بولامدۇ؟**

ــــ ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، كاپىرلارنىڭ يېمەكلىكلىرىنى يېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ يېمەكلىكلىرى مۇسۇلمانلارغا ھالال ئەمەس. ئەمما باشقىلارنىڭ يېمەكلىكلىرىنى يېيىشكە بولىدۇ. ھەتتا خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارنىڭمۇ پاك يېمەكلىكلىرى مۇسۇلمانلارغا ھالالدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى. كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار)نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالال ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر.» [سۈرە مائىدە 4 ـ ئايەت]

بۇئايەتكە ئاساسەن، ھەقىقىي دىندار يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ پاك تاماقلىرى بىزلەرگە ھالالدۇر. ئەمدى ھاراق ئىچىدىغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇ ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ھاراقنى ئىچكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ ۋە خەلقنىڭ نەزەرىدە ئەيىبكار بولىدۇ. بىراق ئۇ ھاراق ئىچكىنى ئۈچۈن (ئۇنى ھالال ساناپ ئىچمىگەن بولسا)، كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ.

ھاراق ئىچكۈچى ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمانمەن» دەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن ھالدا يۈرىدىكەن، ئۇنى مۇسۇلمان دەپ باھا بېرىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئويىدىن پاك يېمەكلىكلەرنى ۋە نەزىر ـ چىراقلىرىنى يېيىش ھالالدۇر.

**— نىكاھ قىلغىنىدا، «قۇرئان» ئوقۇغىنىدا، جىنازا نامىزىنى چۈشۈرگىنىدە ۋە باشقىمۇ ھالەتلەردە بەزى موللىلىرىمىزنىڭ نەپسى ئاۋارىگەرچىلىككە بېرىلىپ، ھەق ئېلىشقا تاماگەرچىلىكى بايقىلىدۇ. بۇ توغرىسىدىكى پىكرىڭىزنى ئېيتىسىڭىز؟**

— دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ئالىملار، ئىمام، خاتىبلار دىنىمىزنىڭ پىشىۋالىرىدۇر. بۈگۈنكى ئىسلام دىنىمىز شۇ زاتلارنىڭ تۆھپىلىرى ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلمەكتە، بىز دىنىي ئالىملارغا، ئىمام، خاتىبلارغا شۈنچىلىك زور ئېھتىياجلىقمىزكى، قىسقىسى، بۇ زاتلار بولمايدىغان بولسا، بىز ئۆلۈكلىرىمىزنى دىنىي يوسۇندا يۇيۇپ، تاراپ ۋە نامىزىنى چۈشۈرۈپ، دەپنە قىلالمايمىز، ھەتتا كۈندىلىك بەش ۋاقىت نامازلىرىمىزنىمۇ شۇ زاتلار بىلەنلا كامىل ئادا قىلالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كائىنات ئۈچۈن بىر نۇرلۇق قۇياش بولسا، ھەر قايسى شەھەر، مەھەللىلەردە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ زاتلار شۇ شەھەر ۋە مەھەللەرنىڭ چىراقلىرىدۇر. سۇ بىلەن يەر كۆكەرگەندەك، بىزنىڭ ئىسلامىي ھاياتىمىز بۇ زاتلارنىڭ تۆھپىسى بىلەن ياشناپ، گۈللىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا ئىسلام نەزىرىدە «ئالىمنىڭ ئۆلگىنى ئالەمنىڭ ئۆلگىنىگە ئوخشاش» دېيىلىدۇ. بۇ زاتلارنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە قوشىۋاتقان تۆھپىلىرى ھەرگىزمۇ ئاز ئەمەس. مۇندىن باشقا، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ روھىنى ۋە تەلىماتلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش يولىدىمۇ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا، توسالغۇلارغا ۋە ئازارلارغا دۇچار بولىدۇ. ئىسلام دىنى بۇ زاتلارنىڭ تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا يولىدا ئۆلگەن شېھىدلارنىڭ قېنى بىلەن ئالىملارنىڭ دىن ئۈچۈن كىتابلارنى يېزىپ سەرپ قىلغان دۈۋەتلىرى تارازىدا تارتىلىدۇ. ئالىملارنىڭ دۈۋەتلىرى شېھىدلارنىڭ قېنىدىن سالماق كېلىدۇ». بۇ زاتلارنى ئىسلام دىنى شۇنچىلىك قەدىرلىگەن ئىكەن، ئەلۋەتتە، بىزلەرمۇ ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز ۋە ھۆرمەتلىشىمىزگە تېگىشلىك، بىراق ئۇلارنى قەدىرلەش ۋە ھۆرمەتلەش ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىغا پۇل سېلىپ قويۇش بىلەن بولمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىش ۋە ئۇلارغا ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ.

بىز ئۇلارغا پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقلىرىنى تۆكۈپ بەرگەن تەقدىرىمىزدىمۇ، ئۇلارنىڭ بىزگە بۇ دىننى يەتكۈزگەن ۋە ھىدايەت تېپىشىمىزغا ۋاستە بولغان ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىگە يېتەرلىك مۇكاپات بېرەلمەيمىز. بۇ دۇنيانىڭ ئاقىۋەتسىز بايلىقلىرى ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇلارغا بېرىلىدىغان سانسىز مۇكاپاتلارنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ دىن ۋە مۇسۇلمان ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىگە مۇكاپات بېرىشكە پەقەت ئاللاھ تائالا يېتەرلىكتۇر. ھېچقانداق ئالىم، ئىمام ۋە خاتىب ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن جامائەتكە ناماز ۋە «قۇرئان» ئوقۇپ بەرگىنىگە — ئەگەر ئۇ تەقۋادارلاردىن بولسا — كىشىلەردىن ھەق ئالىمەن دېگەن مەقسەتنى ئويلىمايدۇ ۋە تەلەپمۇ قىلمايدۇ، بەلكى بۇ ئىشلارنى پەقەت ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى تەلەپ قىلغان ھالدىلا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئىكەن، پۈتۈن ئىشلاردا پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئۇلارغا «مەن سىلەرگە دىننى ئۆگەتكىنىم ئۈچۈن سىلەردىن ئەجىر سورىمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت مېنى ياراتقان ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان» [ھۇد سۈرىسى 51 - ئايەت] دېگەن سۆزنى ئېيتىش ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرغان. ئۆلىمالىرىمىز، ئىمام ۋە خاتىبلىرىمىز يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا. بۇلارمۇ ئاللاھ تائالا يولىدا قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن كىشىلەردىن ھەق سورىغىنى يوق، بىراق خەلق ئۆزىمۇ ئۇلارنى تەڭلىككە سېلىپ، ئۇلارنى پۇل ئېلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىمىز. بەزىلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاسرىغانلىقتىن، ئۇلارنى رەنجىپ قالمىسۇن دەپ ئېلىشى مۇمكىن. بەزىلىرى ئالسىمۇ، باشقا يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىۋېتىشى ياكى ياخشى ئورۇنلارغا ياردەم قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى بەزى كىشىلەر ئۆيىدە ئوقۇلغان «قۇرئان»غا ياكى چۈشۈرۈلگەن مېيىت نامىزىغا ھەق بەرمىسەك ئاللاھ دەرگاھىدا بىزدىن قوبۇل بولمايدۇ، دەيدىغان خاتا چۈشەنچىگە ئاساسەن، ئۆيىدە «قۇرئان» ئوقۇپ بەرگەن ياكى يېقىنلىرىنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈپ بەرگەن ئىماملارغا زورلاپ پۇل بېرىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. ئەكسىچە، ئاللاھ تائالا كىشىلەردىن ھەق سورىماستىن قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنى قوبۇل قىلىدۇ. ئى مۇسۇلمانلار!

ئۆزىمىزنىمۇ قىيىنچىلىقلارغا سالىدىغان ۋە ئۇ زاتلارنىمۇ تەڭلىكتە قويىدىغان بۇنداق ئىشلارنى قىلمايلى. ئۇلارغا پۇل بەرمىسەك، نامىزىمىزنى چۈشۈرمەيدۇ ياكى نەزىرىمىزگە كەلمەيدۇ، دەپ ئەنسىرىمەيلى! ئاللاھ تائالانىڭ ھالال نىيەت، ياخشى ئۆلىما بەندىلىرىمۇ ئاز ئەمەس، بىرسى كەلمىسە، بىرسى كېلىدۇ. ئىشىنىمەنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالار، ئىمام، خاتىبلار ۋە قارىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا يولىدا قىلغان ئىشلىرىغا يەنى جامائەتكە ئىمام بولۇپ ئوقۇپ بەرگەن نامازلىرىغا، چۈشۈرگەن جىنازا نامازلىرىغا، رامىزاندا ياكى باشقا ۋاقىتلاردا كىشىلەرگە «قۇرئان» ئوقۇپ بەرگەنلىكلىرىگە كىشىلەردىن ھەق ئېلىپ، ئۇنى خەجلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتتىكى بۈيۈك ئەجىرلىرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دىكى مونۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئوبدان بىلىدۇ: «كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلىي بىلەن)دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئەتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز. ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق.» [سۈرە شۇر 201 - ئايەت]

**— ئىسلامدا ئەر كىشىگە بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىشىغا رۇخسەت قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى نېمە؟**

— شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھېچبىرى ئالىي ھېكمەتلەردىن ۋە ئېسىل غايىلەردىن خالىي ئەمەستۇر. ئەر كىشىگە بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىشىغا رۇخسەت قىلىنىشىمۇ بەزى ھېكمەتلەر ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان ئىش. بۇنىڭ ھېكمىتى تۆۋەندىكىچە:

1 - ئىنسان بەزى ۋاقىتلاردا بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلاشقا ھەقىقىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: بەزى كىشىلەرنىڭ ئاياللىرى تۇغماس چىقىپ قالىدۇ. ئۇ كىشىلەر بولسا پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئاياللىرى ياشىنىپ قالغانلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ مەنىۋىي ئېھتىياجلىرىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل شارائىتلاردا ئۇلار ئاياللىرىنى يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى قويىۋەتسە، ئۇ ئاياللارغا زۇلۇم قىلغان بولىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئىسلام دىنى بۇنداق ۋاپاسىزلىقلارنى ياقتۇرمايدۇ، ئەلۋەتتە. باشقا ئايال ئالماي دېسە، ئۇلار ھارام - پاھىشە ئىشلارغا بېرىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ باشلىرىغا كېلىدىغان بۇ خىل شارائىتلارنى ۋە قىيىنچىلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، بەزى كىشىلەرگە بۇ خىل ئەھۋاللار ئاستىدا بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىشىغا رۇخسەت قىلغان.

2 – ئەر كىشى بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي ئېھتىياجلىرىدىن چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە كۆپلىگەن تۇل ئاياللارمۇ تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

3 – ئەر كىشى بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلاش ئارقىلىق كۆپلىگەن ئائىلىلەر بىلەن تۇغقانلىق ئالاقىسىنى قۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئىنسانلار ئارىسىدىكى يېقىنلىق مۇناسىۋەتلىرى كۆپىيىدۇ، بىر – بىرىگە سىلە – رەھىم قىلىشىدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەتلەر جەمئىيەتتە ئىناقلىق، بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە ھەمكارلىقنى ئورنىتىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى بەختلىك قىلىشقا يېتەرلىكتۇر.

بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشنىڭ شەرتى شۇكى، بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىغان كىشىنىڭ، بۇ ئاياللارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك قاتارلىق ماددىي كېرەكلىكلىرىنى ۋە مەنىۋىي ئېھتىياجلىرىنى ئادالەت بىلەن ئادا قىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر ئۇ كىشى بۇ ھەقلەرنى ئادالەت بىلەن ئادا قىلمىسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزەڭلار ياقتۇرغان ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئالساڭلار بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار بىر خوتۇن بىلەن كۇپايە قىلساڭلار بولىدۇ.» [سۈرە نىسا 3 – ئايەت]

بۇ ئايەتكە ئاساسەن، ئەر كىشى بىردىن تۆتكىچە ئاياللارنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىيالايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇشى شەرتتۇر. ئەگەر ئادىل بولالمىسا، گۇناھكار بولىدۇ. بۇ شارائىتتا ئۇنىڭغا بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلىشىغا يول يوقتۇر.

**— پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە تىل تەككۈزگۈچىلەر ئۇنى بىر ۋاقىتتا كۆپ ئاياللار بىلەن نىكاھتا تۇرغانلىقى بىلەن قارىلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇنى قانداق رەت قىلىش مۇمكىن؟**

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىشى، ئۇنىڭ شەخسىي ھەۋىسى ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى كۆپلىگەن ئالىي مەقسەت ۋە ئېسىل غايىلەر ئۈچۈن ئىدى. بۇلارنىڭ قىسقىچە بايانى مۇنداق:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشتا، مەدىنىدىكى بىر ـ بىرىگە قارشى زىددىيەتلىك قەبىلىلەرنى ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى ئالدىنقى مەقسەت قىلغان. شۇڭا ئۇ، بۇ ئاياللارنى ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەردىن ئالغان.

2 ـ جىھادتا شېھىد بولغانلارنىڭ تۇل قالغان ئاياللىرىنى ئۇلارغا تەسەللى بېرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قامداپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارىتىگە سۇ بېرىپ دۇئاسىنى ئېلىش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەرەپلىك بولۇشنى ئارمان قىلىپ، ئۆزلىكىدىن ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇشنى سوراپ كەلگەن ئاياللارنىڭمۇ كۆڭلىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆيلەنگەن.

4 ـ شەرىئەتتىكى ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بىۋاستە ئېيتىشتىن ھايا قىلغانلىقتىن، ئاياللىرىغا چۈشەندۈرەتتى، ئاياللىرى باشقا مۇسۇلمان ئاياللارغا تەلىم بېرەتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىردىن ئارتۇق ئايالغا ئۆيلىنىشكە دىنىي ئېھتىياج يۈزىسىدىن ئېھتىياجلىق بولغان. شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئاياللارنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ھەۋىسى ئۈچۈن ئالماقچى بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىزلاردىن تاللىغان بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيلىنەي دېسە، بۇنداق كاتتا شەرەپنى رەت قىلىدىغان قىزنىڭ تېپىلىشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئىدى. ئەمما ئۇ ھاياتىدا بىرلا ئايالنى قىز ئالغان ۋە قالغانلىرىنى چوكان ھالىتىدە ئالغان. ھەتتا بەزى ئاياللىرىنىڭ يېشى خېلى چوڭ ئىدى.

زامانىمىزدىكى قۇدرەتتى يەتكەن ھەر قانداق مۇسۇلمان ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك ئالىيجاناپ بولۇپ، ئۇلۇغۋار مەقسەتلەرنى كۆزلەپ، بىردىن ئارتۇق ئايالغا ئۆيلىنىش ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى تۇل ئاياللارنى كەمەيتىدىغان بولسا ئىدى، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىيالمىغانلىقتىن، بەدەنلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدىغان ئاياللارمۇ جەمئىيەتتە ئازايغان ۋە جەمئىيەتمۇ تۈزەلگەن بولاتتى.

**— داخان، رەمچىلەرگە ئىشىنىشكە بولامدۇ؟**

— ئىسلام شەرىئەت قانۇنى بويىچە، داخان، رەمچى، پالچى ۋە كاھىنلارنىڭ غەيبتىن(كېلىچەكتىكى ئىشلاردىن) سۆزلىگەن سۆزلىرىگە ئىشەنگەن ياكى بۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم كاپىر بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى، داخان، كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدىكەن، ئۇ ماڭا كەلگەن دىنغا كاپىر بولغان بولىدۇ.» چۈنكى كېلىچەكتە بولىدىغان ئىشلارنى بىلىش پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم غەيبلەرنى بىلمەيدۇ، ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھتىن بۆلەك ئاسمان ۋە زېمىنلەردىكى غەيبنى بىلمەيدۇ.» [نەمل سۈرىسى 65 ـ ئايەت] داخان، رەمچى، پالچى ۋە كاھىنلارغا ئىشەنگەن ياكى بۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان كىشىنىڭ كاپىر بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، غەيبنى بىلىش ئاللاھ تائالاغىلا خاس بولغان ئالاھىدە ئىلاھىي بىر سۈپەت بولغاچقا، ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرسىنى غەيبنى بىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغان كىشى ئاللاھ تائالادىن يۈز ئۆرۈپ، مەخلۇقاتقا ئىشەنگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كاپىر بولىدۇ. بۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان رەمچىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا خاس بولغان غەيبنى بىلىشتىن ئىبارەت ئىلاھىي سۈپەتنى ئاللاھ تائالادىن تالاشقان بولىدۇ ۋە ئۆزىنى ئىلاھىي خىسلەت بىلەن سۈپەتلىگەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن رەمچىلەر كاپىر بولىدۇ.